سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# شالغۇت شال قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1973 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سۇجوۋدا ئېچىلغان مەملەكەتلىك شال پەن تەتقىقات يىغىنىدا، يۈەن لۇڭپىڭ جۇڭگونىڭ سوقچاق شالغۇت شالىنىڭ «ئۈچ سىستېما»سىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى.

بۇ نەتىجە يۈەن لۇڭپىڭ ۋەكىللىكىدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان قېتىرقىنىپ قىلغان تەتقىقاتىنىڭ جەۋھىرى. 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، شۇ چاغدا خۇنەن چيەنياڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان يۈەن لۇڭپىڭ تەجرىبە ئېتىزىدا بىر تۈپ تەبىئىي شالغۇت شالنى بايقاپ قېلىپ، شالغۇت شالنى تەتقىق قىلىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. 1966 ـ يىلى، يۈەن لۇڭپىڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇھىم ئىلمىي ماقالىسى «شالنىڭ ئاتىلىقى يېتىلمەسلىك خۇسۇسىيىتى»نى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شالغۇت شال تەتقىقاتىدا تۇنجى پۇختا قەدەم بېسىلدى.

1970 ـ يىلى كۈزدە، يۈەن لۇڭپىڭنىڭ ئوقۇغۇچىسى لى بىخۇ ئۇنىڭ «يىراق تۇغقانلىق ياۋا شالنى يېتىشتۈرۈلگەن شال بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇش» تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، خەينەندىن ئاتىلىقى يېتىلمەيدىغان بىر تۈپ مايسىنى تاپتى. يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان ئۈچ تال ئاتىلىقى يېتىلمەيدىغان ئۇرۇققا «ياۋا يېتىلمەس» دەپ نام بېرىپ، «ئۈچ سىستېما»نىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن بوسۇش ئېغىزى ئاچتى.

1972 ـ يىلى، شالغۇت شال دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، جۇڭگو دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن خۇنەن ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۈچلەر ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللەندى. 1973 ـ يىلى، جاڭ شيەنچىڭ قاتارلىقلار «ئاتىلىقى يېتىلمەسلىك سىستېمىسى» ۋە «ئەسلىي سورتىنى ساقلاش سىستېمىسى»نى بوسۇپ ئۆتۈش ئاساسىدا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا سورتلىرى ئىچىدىن بىر تۈركۈم ئەۋزەللىكى كۈچلۈك، گۈل چاڭدىنى تەرەققىي قىلغان، گۈل چېچىكى كۆپ، ئەسلىگە كېلىش دەرىجىسى 90%تىن يۇقىرى بولغان «ئەسلىگە كېلىش سىستېمىسى»نى تاپتى. «ئۈچ سىستېما» ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈشلەشتۈرۈلدى!

1974 ـ يىلى، خۇنەن شالغۇت شالنى سىناق قىلىپ تېرىشقا باشلىدى. 1976 ـ يىلى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلگەن كۆلەم 2 مىليون 80 مىڭ موغا يېتىپ، ھەممىسىدە مەھسۇلات 20%تىن كۆپرەك ئاشتى. 1976 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 286 مىليون 310 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1965 ـ يىلدىكىدىن 47.2% ئاشتى. 1976 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە، جۇڭگونىڭ شالغۇت شال مەھسۇلاتى جەمئىي 100 مىليون توننىدىن ئارتۇق ئاشقان بولۇپ، ھەر يىلى ئاشقان شال ھوسۇلى بىلەن 60 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى باققىلى بولىدۇ.

شالغۇت شال تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئېلىمىزنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. دۆلىتىمىز مەردانىلىك بىلەن: دۇنيانىڭ 10%ىگە يەتمەيدىغان تېرىلغۇ يەر بىلەن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 22%ىنى ئىگىلەيدىغان ئاھالىنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق، دەپ جاكارلىيالايدىغان بولدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**




**10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى (باغ ـ ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسى)نىڭ سايىباغ رايونى جۇجياڭ يولى شىمالىي مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر، قوشماقلاشقان تۇغقانلار «مەن ۋەتىنىم بىلەن بىر سۈرەت رامكىسىدا» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.** □ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جاڭ كېشيا: دۈشمەن گازارمىسىدا ئىنقىلاب ئۈچۈن خىزمەت قىلغان «ئالاھىدە پارتىيە ئەزاسى»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر ۋاڭ مىن)**



**جاڭ كېشيانىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

پاكىز، رەتلىك سېمونت يوللار ھەر تەرەپكە تۇتاشقان، كەڭ، ئازادە، يورۇق، ئەسلىھەلەر تولۇق كەنت ئىككى ئىشخانىسى، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى، سېرىق چىلاننى ئىنچىكە پىششىقلاش تۈرلۈك كەسىپكە ئايلانغان بۇ يەر جاڭ كېشيانىڭ يۇرتى ــ خېبېي شيەنشيەن ناھىيەسىنىڭ خوۋلىگتۇن كەنتى. شۇ جايدىكى پۇقرالار ھازىرمۇ دائىم جاڭ كېشيانىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ.

جاڭ كېشيا، ئەسلىي ئىسمى جاڭ شۇتاڭ، 1900 ـ يىلى تۇغۇلغان، كىچىكىدە بېيجىڭ خۇيۋېن باشلانغۇچ مەكتىپى، خۇيۋېن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1923 ـ يىلى باۋدىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، غەربىي شىمال ئارمىيەسىگە كىرگەن. 1927 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا جۇڭشەن داشۆسىگە بېرىپ ئوقۇغان. 1929 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، جۇ ئېنلەينىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى «ئالاھىدە پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك يەر ئاستى خىزمىتىدىكى ئىنقىلابىي ھاياتىنى باشلىغان. جاڭ كېشيا پارتىيەنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، 1950 ـ يىلغا كەلگەندە، ئاندىن ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىغان.

1937 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇل ۋەقەسى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدا، جاڭ كېشيا گومىنداڭ 29 ـ جۈننىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ، لۇگوچياۋ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇ ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ تۇيۇقسىز بېسىپ كىرمەكچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇھىم ئاخباراتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، لىۋ چىڭياڭ، جاڭ يوۋيۈ قاتارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىنقىلابىي ئىرادىلىك زات، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تاياننچنىڭ بىخەتەر يۆتكىلىشىگە ئىمكانىيەت ياراتقان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جاڭ كېشيا گومىنداڭ 59 ـ جۈننىڭ سەنمۇجاڭى، 33 ـ جىتۇەنجۈننىڭ سەنمۇجاڭى، مۇئاۋىن سىلىڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، شەندۇڭ، خېنەن، خۇبېي قاتارلىق جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ، شۇ جايلاردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنلارغا كۆپ ياردەم بېرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، كومپارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، بىردەك سىرتقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ 29 ـ جۈندىكى ھەرقايسى مەزھەپلەر ئارىسىدا نۇرغۇن كېلىشتۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن ھەمدە كۈچىنىڭ يېتىشىچە شارائىت يارىتىپ، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى بىۋاستە ۋە ۋاسىتىلىك قوللىغان، قوغدىغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جاڭ كېشيا 3 ـ تىنچلاندۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ گومىنداڭ جاڭگاللىرىنى ھەقەقەتكە قايتىشقا ئۈندەش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، گومىنداڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇشقا، مۇستەبىتلىككە قارشى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىغان، 1945 ـ يىلى خاۋ پېڭجۈ قوزغىلىڭىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

1948 ـ يىلى خۇەيخەي ئۇرۇشىدا، جاڭ كېشيا قاتمۇقات خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىپ، دۈشمەننىڭ قاتتىق نازارىتىدىن قۇتۇلۇپ، خې جىفېڭ بىلەن بىللە، جياۋاڭ، تەيئەرجۇاڭ مۇداپىئە ئورنىدىكى ئۈچ يېرىم شى، 23 مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ خۇەيخەي رايونىنىڭ شەرقىي لىنىيەسىدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە سېپىدە زور يوچۇق پەيدا قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ شۈجۇۋنى ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ، خۇەيخەي ئۇرۇشىنىڭ جەريانىنى تېزلىتىپ، ماۋجۇشى، جۇ دې زۇڭسىلىڭنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

قوزغىلاڭدىن كېيىن، جاڭ كېشيا ئازادلىق ئارمىيە 33 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى، قوشۇمچە شاڭخەي سۈڭخۇ جېڭبېيچۈسىنىڭ سەنمۇجاڭى بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى ۋە شاڭخەي ئۇرۇشىغا قاتناشقان، 1955 ـ يىلى 1 ـ دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جاڭ كېشيا ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، جۇڭگو ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى بولغان، 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 84 ياشتا ئىدى.

خوۋلىگتۇن كەنتىنىڭ ئاھالىسى جاڭ جىلۇن مۇنداق دېدى: جاڭ كېشيا ھايات ۋاقتىدا، خوۋلىگتۇن كەنتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى، كەنتتىكى يۇرتداشلىرىنى ئەستىن چىقارمىدى. كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۇ مەبلەغ ئىئانە قىلىپ كەنتكە ئالتە تراكتور ئېلىپ بېرىپ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە پۈتۈن كەنتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئۇنىڭ بۇ خىل يۇرتىنى سۆيۈش، تۆھپە قوشۇش، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش روھى بىزنى ئۈزلۈكسىز خوۋلىگتۇن كەنتىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى شىڭ موسېن مۇنداق دېدى: جاڭ كېشيا كەنتىمىزدە تۇغۇلۇپ، كەنتىمىزدە چوڭ بولغان، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەبرە قاتۇرۇلمىدى، بالىلىرى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ جەسەت كۈلىنى كەنتنىڭ شىمالىدىكى ئويمانلىققا چېچىپ، ئۇنىڭ «تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىغا قايتىپ كېلىش» ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇ دۆلەتنى، مىللەتنى قوغدىغان، بىزمۇ ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز.

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**■ ئېغىر نامراتلىققا كۈچەپ ھۇجۇم قىلىش، «ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىق»نى يېڭىش**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۈمىدى ئۈچۈن، ئۇلۇغ بۇرچنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئېغىر نامرات رايونلارنى ئومۇميۈزلۈك زىيارەت قىلىشنى دائىملاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى قاتارلىقلارنى كۆپ قېتىم ئېچىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى، ھەرىكەت ھالىتىنى چىڭ ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ساھەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى قاراتمىلىق ھەل قىلىشنى تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش، تەڭ كۈچ چىقىرىشقا يېتەكلەپ، نامراتلىق قورغىنىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىن سىرت، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مۇتلەق نامراتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتتى، رايون خاراكتېرلىك ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ سېپى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئاھالە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئومۇمىي نامرات ئاھالىنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قېپقالغان بۇ قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىق» ھېسابلىنىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش ئاچقۇچلۇق تۈگۈن نۇقتىسىغا كىردى. بۇ يىل 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 7 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما نامراتلىققا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاشقا چاقىرىق قىلىندى.

خۇددى «پۈرژىنا»نى چىڭىتقانغا ئوخشاش، 100 مېتىرغا كۈچەپ يۈگۈرۈپ، قاينام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە ئەمەلىي ئىشلەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ مۇتلەق نامرات بولۇش «نامراتلىق قالپىقى» بىر ـ بىرلەپ چۆرۈپ تاشلاندى، نامرات ناھىيەلەرنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئومۇميۈزلۈك نامرات بولۇش «نامراتلىق يىلتىزى» بىر ـ بىرلەپ قومۇرۇپ تاشلاندى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا ھەممە ئادەم مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلدى.

**■ كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىش، ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئىشلەش**

«زاۋۇت ئۆيۈمگە يېقىن، ئىشقا بېرىشىم ناھايىتى قولايلىق، كىرىممۇ مۇقىم.» قاراقاش ناھىيەسىدىكى رۇيشىن ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىدە ئىشلەيدىغان تۇرسۇنگۈل مەتنىياز مۇنداق دېدى: زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا كۆزۈم يەتتى. تۇرسۇنگۈل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان قاراقاش ناھىيەسى كۆيا بازىرىنىڭ خۇڭشىڭ كەنتىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش سانائەت ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان كەنت ئاھالىسى ئاز ئەمەس.

چىرا ناھىيەسى گۈلاخما بازىرىنىڭ ياقا ئۆستەڭ كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى ئابدۇنەبى ئوبۇلتارى نامرات ئاھالىلەرنى يىغىپ توشقان باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى ھەم شۇ جايدىكى كارخانىلار بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، توشقان سېتىش يوللىرىنى ھەل قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. خوتەن ۋىلايىتى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئائىلىلەرگە قاراپ ئىش كۆرۈپ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى، زور بىر تۈركۈم نامرات ئائىلە يېتەكلەندى.

باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش، چېگرا قوغدىغۇچىغا ئايلاندۇرۇش... نامرات ئاھالىلەر ئىسمىلىكىنى ۋاراقلىغاندا، شۇ جايدىكى ھەربىر نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىگە ئېنىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرى بېكىتىلگەنلىكى. «يەتتە بىر تۈركۈم» تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر شارائىتقا قاراپ، ئائىلەمگە قاراپ، ئېھتىياجغا قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، كەنتكىچە، ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە دەل جايىدا ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ» دېگەن تەنتەنىلىك ۋەدىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، مائارىپ، داۋالاش ۋە ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ تولۇقلاپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىپى بولۇش، ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئوقۇشتىن چېكىنمەيدىغان بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى، نامرات ئاممىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى.

**■ بىر تال ئارغامچا بولۇپ ئۇيۇشۇش، كۈچنى بىرىكتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

قەشقەر شەھىرى شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىدا، شىنجاڭ مېيلىيو كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتى قەشقەر شەھىرى ھەم ئەتراپىتىكى 1200 نەپەر يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى مەركەزلەشكەن شەكىلدىكى فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتر ئىستانسىسى رولىنى جارى قىلدۇرماقتا... مەخسۇس تۈر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساھە نامراتلارنى يۆلەش، جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق كۆپ تەرەپنىڭ كۈچى، كۆپ خىل تەدبىر ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچى مۇجەسسەملەندى.

مەبلەغ دەل جايىدا ئىشلىتىلدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ دۆلەت بېكىتكەن 32 نامرات ناھىيەگە 23 مىليارد 626 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىككە ئالاقىدار بىرىكمە مەبلەغ سېلىپ، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاشقا ئىشلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 22 ئېغىر نامرات ناھىيەگە سېلىنغان مەبلەغ بارلىق بىرىكمە مەبلەغنىڭ 93%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

تۈرلەردە ئومۇميۈزلۈك قاپلاش گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇ يىل 8 ـ ئايدا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن «پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرى» پائالىيىتىدە، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چۆرىدەپ سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈر كېلىشىمىدىن 176سى ئىمزالاندى، بۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 31 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. تېخنىكىسى بار، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى خالايدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان ئاما خىزمەت ئىزدەش ئۈچۈن غەم قىلمىسىمۇ بولىدىغان بولدى.

ھەمكارلىشىش، قوللاش ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى 250كە يېقىن ئورۇن 270 نەچچە نامرات كەنتكە نۇقتا بويىچە ياردەم بەردى، يۆلىدى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك 33 ناھىيە، شەھەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 27 ناھىيە، شەھەرگە ياردەم بەردى، يۆلىدى، مەركەزدىكى 16 ئورۇن 27 نامرات ناھىيەگە نۇقتا بويىچە ياردەم بەردى، يۆلىدى.

شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ تورى توقۇغانسېرى زىچلاشماقتا، ھەر تەرەپنىڭ كۈچى نامرات رايونلارغا توپلىنىپ، ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچىمەكتە. بۇ مەبلەغ، تۈر، ئىختىساسلىقلار سېلىنمىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە تىزىملىكىگە ئايلاندى: ئۆتكەن بەش يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 2131 كەنتنى چېكىندۇرۈپ چىقىش، 13 نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6.1%كە تۆۋەنلىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)